# ئىستىقلال ئاۋازى

سېنتەبىر 2025
ئومۇمىي 62- سان

## شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشى دىققەت قوزغىدى

«ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللاندى
1-بەت

شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىننىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن سۆھبىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى
5-بەت

تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتىنى پاش قىلماقتا
7-بەت

خىتاي يېڭى ئاق تاشلىق كىتابىدا ئىشغالىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلدى
17-بەت



ISTIQLAL

# باش مۇھەررىر



ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۈچۈر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۈچۈر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL


## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
س. تارىم

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس



Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللاندى

3 تۈركىستان بىلەن بايىنغولىن ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى

5 شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىننىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن سۆھبىتى كۆچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى

7 تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتىنى پاش قىلماقتا

9 خىتاي ئۈرۈمچىدە يەنە بىر كۆز بوياmچىلىق يىغىنى ئاچتى

11 خىتاي تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى

13 خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۈنجى بازىسىنى قۇرۇشى دىققەت قوزغىدى

15 دۆلەت باھچەلى «تۈركىيە-رۇسىيە-خىتاي ئىتتىپاقى»نى ئوتتۇرىغا قويدى

17 خىتاي يېڭى ئاق تاشلىق كىتابىدا ئىشغالىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلدى










# مۇندەرىجە


19 شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستانغا يەنە بىر چېگرا ئېغىزى ئېچىلدى

21 شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى

23 17-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

27 كارىكاتۇر



# «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللاندى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خىتاي تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشىغا قارشى ئىستراتېگىيەلىرىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» 2-سېنتەبىر ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللاندى. «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى2025-» (H.R. 2635) دەپ ئاتالغان مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنى ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن يوڭ كىم، ئامى بېرا ۋە گرېگورى مىس قاتارلىقلار سۇنغان.

قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسلىق تەييارلىغۇچىسى بولغان ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى، پالاتانىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا مەسئۇل تاشقى ئىشلار تارماق كومىتېتىنىڭ رەئىسى يوڭ كىم بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئۇزۇندىن بۇيان خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر خەلقىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، قۇل قىلىش ۋە سىستېمىلىق ئۆلتۈرۈشنى تەشكىللەپ كەلدى. بىگۇناھ ئائىلىلەر پارچىلانغان، كىملىكلەر ئۆچۈرۈلگەن، بۇ ۋەھشىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى

سەۋەبلىك ئەۋلادلارنىڭ ئاۋازى ئۆچۈرۈلگەن بىر ۋەزىيەتتە، ئامېرىكا بۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرالمايدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

«ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى»نىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، خىتاينىڭ 2014-يىلىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە باستۇرۇش سىياسىتى ئىجرا قىلغانلىقى، كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى تەسىس قىلىپ، قامالغانلارنى ۋەھشىيلەرچە قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقى، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە پائالىيەتچىلەرگىمۇ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش، تەھدىت سېلىش، پاراكەندە قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان.

مەزكۇر قانۇندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، دىنىي، مەدەنىيەت ۋە تىل-يېزىق كىملىكىنى قوغدايدىغان ئىنسان ھەقلىرىگە ئالاقىدار سىياسەت ۋە پىروگراممىلارنى ئالدىن ئويلىشىشى، پارلامېنت بىلەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىشى، ئالاقىدار فېدېراتىپ ئورگانلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئۇيغۇر ھوقۇقى تەشەببۇسچىلىرىغا ياردەم بېرىشى، ئامېرىكىدا پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشتىن ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى دوكلاتلارنى قەرەللىك سۇنۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن ماددىلار قەيت قىلىنغان.

قانۇندا يەنە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان ئاممىۋى دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى فوند بىلەن تەمىنلەش، ئوخشاش پىكىردىكى شېرىك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە خىتاي رېجىمىغا بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىقلار تەكىتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي رېجىمىدىن شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي، مىللىي كىملىكى، تىلى، سىياسىي قارىشى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان، تۈرمىگە قامالغانلارنى دەرھال قويۇپ بېرىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىنسانىي ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

ئىككى پارتىيەنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغان «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى-2025» نۆۋەتتە كېڭەش پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان.



# تۈركىستان بىلەن بايىنغولىن ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى

ئالدىنقى ھەپتە قازاقىستاننىڭ تۈركىستان ئوبلاستى بىلەن ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايىنغولىن ئوبلاستى ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان.

قازاقىستان خەلقئارا ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى جۇ دايۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت ئالدىنقى ھەپتە قازاقىستاننىڭ تۈركىستان ئوبلاستىغا زىيارەتكە بېرىپ، ئوبلاست باشلىقى كۇشېروف نۇرالخان بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئىككى تەرەپ بۇ جەرياندا دوست شەھەر كېلىشىمى ئىمزالىغان.

كۇشېروف نۇرالخان ئۇچرىششتا خىتاي

بىلەن قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ماختاپ، تۈركىستان ئوبلاستىدا خىتاي مەبلەغ سالغان بەش چوڭ تۈرنىڭ روياپقا چىققانلىقىنى، ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 125 مىليون دوللاردىن ئاشىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىممىتى 607 مىليون دوللار بولغان يېڭى تۈرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى 270 مىليون دوللار قىممىتىدىكى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان.

ئىككى تەرەپ يەنە 40 نەچچە شىركەت-كارخانىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش، سانائەت، ياسىمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق توغرىسىدا مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن ۋە شۇنداقلا سانائەت مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرغان.

خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىلىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەردىكى تەسىر كۈچىنى زورايتىۋاتقان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي، سىياسىي مەنپەئەتكە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاشقا، ئاۋازلارنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. «دوست شەھەر» مۇناسىۋىتى ئورنىتىش بۇ ۋاستىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل 6-ئايدا قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىدا ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت شەھىرى دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى. 1985-يىلدىن ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى شەھەرلەر بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقان چەت ئەل شەھەرلىرى 50 دىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭلا 12 دۆلەتتىكى 14 شەھەر بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى بار ئىكەن.



# شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىننىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن سۆھبىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسلىق نىشان قىلغان ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش جىنايىتى ئىزچىل تەنقىد قىلىنىپ كەلگەن بىر ۋەزىيەتتە، بۇ ھەپتە ئۆتكۈزۈلگەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يىغىنىدىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاينىڭ ھەربىي پاراتى جەريانىدا، پۇتىن بىلەن شى جىنپىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار دىيالوگ ئاۋازلىق تەرىقىدە تارقىلىپ، خەلقئارالىق تاراتقۇلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يىغىنى ئۈچۈن كەلگەن دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى 3-سېنتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن خىتاينىڭ ھەربىي پاراتىنى كۆرۈشكە قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە

رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن شىمالىي كورىيە رەھبىرى كىم جوڭئۇن ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭغان.

بۇ جەرياندا پۇتىن بىلەن شى جىنپىڭ ئوتتۇرىسىدا تەرجىمان ئارقىلىق داۋاملاشقان قىسقا دىيالوگ تاراتقۇلار تەرىپىدىن ئاۋازلىق تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدە پاراڭلاشقان. تەرجىمان پۇتىننىڭ سۆزلىرىنى خىتايچىگە تەرجىمە قىلىپ: «بىيولوگىيە تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى توختىماي كۆچۈرگىلى بولىدۇ. ياشىغانسېرى ياشىرىپ كېتىسىز، ھەتتا ئۆلمەي ياشىشىڭىز مۇمكىن» دېگەن. ئارقىدىن شى جىنپىڭ: «مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار بۇ ئەسىردە 150 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن ئىكەن» دېگەن.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەختتە ئولتۇرۇشنى پىلانلىغان ئىككى چوڭ مۇستەبىتنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ئۆلمەسلىك چارىلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىشى تاراتقۇلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت قوزغىغاندىن سىرت، خىتاينىڭ ئاساسلىق زىيانكەشلىك ئوبيېكتى ئۇيغۇرلار بولغان ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش جىنايىتىمۇ تەبىئىيلا ئۇلارنىڭ قىسقا دىيالوگىغا باغلاندى.

خىتاي رېجىمىنىڭ ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش جىنايىتىدە ئۇيغۇرلار، فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلانغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئاساسلىق ئىچكى ئەزا ئامبىرىغا ئايلانغان. مۇتەخەسسىسلەرمۇ جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قان، سۈيدۈكلىرىنىڭ ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ كۆپ قېتىم سىستېمىلىق تەكشۈرۈلۈشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى باھالاش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. يېقىندا خىتاينىڭ 2030-يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئەزا كۆچۈرۈش مەركىزىدىن يەنە ئالتىنى قۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى ئاشكارىلانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئەزا كۆچۈرۈش مەركىزىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ كۆپەيتىشتىن ئىبارەت بۇ پىلان كۈچلۈك دىققەت قوزغىغانىدى.



# تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتىنى پاش قىلماقتا

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا-ئانىلىرى جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قامالغان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى بالىلار لاگېرلىرىغا يىغىۋېلىپلا قالماي، يەنە باشقا ئۆسمۈرلەرنىمۇ «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدا ئاتا-ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان بىر قىسىم سىنلار شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى پاش قىلماقتا.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىم يېقىندا توپلىغان بىر قىسىم سىنلار خىتاينىڭ «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىغا

يوشۇرغان جىنايەتلىرىنىڭ ھېلىھەم توختاۋسىز ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆسمۈرلەرنىڭ داۋاملىق زىيانكەشلىك ئوبيېكتى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەزكۇر سىنلاردا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ ئوقۇۋاتقانلىقى، ئاتا-ئانىلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىنمۇ كىرەلمەي، تۆمۈر رېشاتكىلاردىن پەرزەنتلىرىگە يېمەك-ئىچمەك سۇنۇپ بېرىۋاتقانلىقى، يىغلاۋاتقان پەرزەنتلىرىگە تەسەللىي بېرىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر سىنلاردىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن قايغۇ، چۈشكۈنلۈك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە ئۆسمۈرلەرنى ئاتا-ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، باللار لاگېرلىرىغا يىغىۋېلىش، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، تىل-يېزىقىنى پۈتۈنلەي چەكلەش، خىتاي مەدەنىيىتى ۋە تىل-يېزىقىنى زورلاپ تېڭىش جىنايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەقتە نوپۇزلۇق دوكلاتلارمۇ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۆسمۈرلىرىنىڭ باللار لاگېرىغا يىغىۋېلىنغانلىقى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن كۆرسىتىلگەندى.

نۆۋەتتە خىتاي بۇ جىنايىتىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ياۋروپا پارلامېنتى بۇ يىل ماي ئېيىدا قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ تىبەتتىكى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتىنى ئەيىبلىگەندە، خىتاينىڭ تىبەت ئۆسمۈرلىرىنىمۇ ئاتالمىش «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى.

# ختاي ئۈرۈمچىدە يەنە بىر كۆز بويامچىلىق يىغىنى ئاچتى

ختاي كۆز بويامچىلىق يىغىنلىرىدىن بىرى بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ ئىنسان ھەقلىرى تەرەققىياتى مۇنبىرى»نىڭ 3-نۆۋەتلىكى 6-سېنتەبىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىن ئاتالمىش «شىنجاڭ» پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ختاي بۇ يىغىننى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، يىغىنغا ختايدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشقان. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، ئىنسانىي ھوقۇقلارنى قوغداشنىڭ بىرلا ئەندىزىسى يوقلۇقى، ئىنسان ھەقلىرى بىلەن تەرەققىيات، بىخەتەرلىك ۋە مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا ئىنسانلارنىڭ تولۇق تەرەققىياتىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ۋە ھاياتى




بىخەتەرلىكى، ئىشقا ئورۇنلىشىش بىخەتەرلىكى، باراۋەر سىياسىي ھوقۇق قاتارلىقلار ھەققىدە بىر قاتار سەپسەتە ساتقان بولۇپ، 2024-يىلى 12-ئايغىچە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دا 16 مىڭ 744 داۋالاش ۋە سەھىيە ئورگىنى بارلىقىنى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ 5.5% ئىچىدە كونترول قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلىشقان.

ختاي بۇ يىغىنغا يەنە ۋېنگرىيەدە ياشايدىغان ختاي مۇھاجىرلىرى سۈپىتىدە ختاي ياۋروپا «شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى، ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلقئارا سودا بىرلەشمىسى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يىچيۈنى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزلىرىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونى»دىكى ئىنسان ھەقلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەسلىكى، بەلكى مىليونلىغان كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، ئەمگەك ئارقىلىق كىرىم قىلىدىغان، بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەر بىر بالا مەكتەپكە بارالايدىغان ۋە ھەممەيلەننىڭ ھەقسىز داۋالاش تەكشۈرۈشىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان ئەھۋالغا كېلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ نومۇسسىزلارچە بىلجىرلىغان.

مەزكۇر يىغىندا سۆزلەنگەن بارلىق تېمىلار ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش جىنايەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، خىتاي دۇنياغا پۇر كەتكەن جىنايەتلىرىنى بۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل ساختا يىغىنلار ۋە پائالىيەتلەر بىلەن ئاقلاشقا، ئەمەلىيەتنى يوشۇرۇشقا ۋە بۇ ئارقىلىق كۆز بويامچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

دوكلاتتا 2017-يىلدىن تارتىپ ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرىغا قامىغانلىقى، خەلققە مېڭە يۇيۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، بالا چۈشۈرگۈزۈش قاتارلىق نوپۇس كونترول سىياسىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇشلىرى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ئارقىلىق خەلقنى ئۆيىدە نازارەت قىلىشى، ئىلغار تېخنىكىلىق بىيولوگىيەلىك پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى كۆزىتىشى، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ توختىماي شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىشى قاتارلىق جىنايەتلىرى بايان قىلىنغانىدى.

خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى تېمىسىدىكى مەزكۇر كۆز بويامچىلىق يىغىنىنىڭ بۇ دوكلات ئېلان قىلىنىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ۋە 2-سېنتەبىر ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق جىنايەتلىرىگە قارشى ماقۇللانغان «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى»دىن بىر نەچچە كۈن كېيىنلا ئۆتكۈزۈلۈشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.



# خىتاي تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي گاز بايلىقىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆكيار تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنى كېڭەيتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ داۋاملاشماقتىكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 7-سېنتەبىر تارىم نېفىتلىكىدىكى كۆكيار تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنىڭ سۇ چىقىرىش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتى ئاياغلاشقان ۋە گاز كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. پىلانغا ئاساسەن، كۈندىلىك گاز كىرگۈزۈش مىقدارى ئىككى مىليون كۇب مېترغا يېتىدىغان بولۇپ، بۇ، ئۆكتەبىر ئېيىغىچە داۋاملىشىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، كۆكيار تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرى بۇلتۇر 22-نويابىر رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇنجى تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرى ھېسابلىنىدىكەن. خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە بۇ ئامبارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستنى قىشلىق گاز بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن



قۇرۇلغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

مەزكۇر تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىدىن سىرت، تارىم نېفىتلىكىدىكى ياقا زاپاس تەبىئىي گاز ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ بۇ يىل 2-ئايدىن بۇيان داۋاملاشماقتىكەن. خەۋەردە ياقا تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ چوڭقۇر قاتلاملىق تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرى ئىكەنلىكى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن كۈندىلىك تەبىئىي گاز ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 24 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئىشغالىيەت تارىخىدىن تارتىپ هازىرغا قەدەر بىر مىنۇتمۇ توختاتماي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتايغا توشۇپ كەلمەكتە. خىتاي يەنە بۇلاڭ-تالاڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئىي گاز ساقلاش ئامبىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك تېخنىكىلارنى، ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللانماقتا.




# خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۈنجى بازىسىنى قۇرۇشى دىققەت قوزغىدى

خىتاي بۇ ھەپتە ئۈرۈمچىدە ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىش، باشقۇرۇشى توغرىسىدا مەخسۇس يىغىن ئاچقان بولۇپ، بۇ جەرياندا خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بازىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بۇ ئورگاننىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تېخمۇ ئۈنۈملۈك «ئىدارە قىلىش»ى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئاتالمىش «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» 8-سېنتەبىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىنغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىجراچىلىرى بولغان چېن شياۋجياڭ، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلاردىن باشقا، خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ

باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى گاۋ شياڭ قاتناشقان.

چېن شياۋجياڭ يىغىندا سۆز قىلىپ، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال قىلىپ، تېخىمۇ تولۇق، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقى، دىققەتنى ئاتالمىش «جەمئىيەت مۇقىملىقى» نىشانىغا مەركەزلەشتۈرىدىغانلىقى، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى»نى مۇستەھكەملەش لىنىيەسىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ختاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى گاۋ شياڭ سۆز قىلىپ، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى»نىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى ئىكەنلىكىنى، ختاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»غا ئالاقىدار تەتقىقات كۈچلىرىنى بىرىكتۈرۈش ۋە بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

مەزكۇر يىغىندىن كېيىن ختاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بازىسىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. ختاي رېجىمى بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى»نىڭ نەزەرىيەۋى نەتىجىلىرى ھەققىدە يىغىن ئاچقان بولسا، بۇ ھەپتە ئەمەلىيەت قىسمى ھەققىدە يىغىن ئاچقان.

ختاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلغان يېڭى بازىسى ختاي يېرىم يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كۈچەيتىش» مەقسەت قىلىنغان ئۈچىنچى ئورگان ھېسابلىنىدۇ. ختاي بۇ ئورگانلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، نەزەرىيە ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلاشتۇرۇشنى پىلانلىماقتا.

# دەۋلەت باھچەلى «تۈركىيە-رۇسىيە-خىتاي ئىتتىپاقى»نى ئوتتۇرىغا قويدى




تۈركىيەدە نۆۋەتتە ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى دەپ قارىلىدىغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ (MHP) رەھبىرى دەۋلەت باھچەلى «ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بالايىئاپەت ئىتتىپاقى»غا قارشى تۈركىيەنىڭ رۇسىيە ۋە خىتاي بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باھچەلى قۇددۇسنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ: «قۇددۇس يىقىلسا، ئەنقەرە يېڭىلگەن بولىدۇ، ئىستانبۇل پۇچۇلىنىدۇ» دېدى.

جۇمھۇر ئىتتىپاقىنىڭ شېرىكى بولغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى دۆلەت باھچەلى يازما باياناتىدا، ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىي كونتەرتىپكە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى.

ئۇ قۇددۇس مەسلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنى ئەيىبلەپ: «دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە يامانلىق ئىتتىپاقىغا قارشى ئەقىل، دىپلوماتىيە، سىياسەتنىڭ روھى، جۇغراپىيەۋى شارائىت ۋە يېڭى ئەسىرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىتىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان تاللاش «TRÇ» (تۈركىيە-رۇسىيە-خىتاي) ئىتتىپاقىنى قۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇشتۇر. بۇ ئىتتىپاق تۈركىيە، رۇسىيە ۋە خىتايدىن تەشكىللىنىشى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ۋە تەكلىپىمىزدۇر» دېگەنلەرنى ئىپادىلىدى.

باھچەلىنىڭ بۇ سۆزلىرى تۈركىيەدە كەڭ غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، ھەرقايسى تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىكى ئانالىز پىروگراممىلىرىدا ناتو ئەزاسى بولغان تۈركىيەنىڭ ناتونىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبلىرى، ھەتتا دۈشمەنلىرى قاتارىدىن سانىلىدىغان خىتاي ۋە رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ يىراق ئىكەنلىكى، باھچەلىنىڭ تەكلىپىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە قارىتا تۈركىيەنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا بېرىلگەن بىر ئۇچۇر ئىكەنلىكى تالاش-تارتىش قىلىندى. تۈركىيەدىكى خىتايغا يېقىنلىقى بىلەن تونۇلغان دوغۇ پېرىنچەك باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ مېدىيالىرى بولسا باھچەلىنىڭ تەكلىپىنىڭ تۈركىيەنىڭ بىردىنبىر تاللىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالماقتا.

# خىتاي يېڭى ئاق تاشلىق كىتابىدا ئىشغالىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلدى




خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئاخبارات ئىشخانىسى 19-سېنتەبىر بېيجىڭدا ئاتالمىش «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خىتاي ئاق تاشلىق كىتابىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاپ، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا خىتاينىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قاتناشقاندىن سىرت، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۈنىيازمۇ قاتنىشىپ سۆز قىلغان. بۇ يىغىن خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە خەۋەر قىلىنماقتا.

مەزكۇر ئاق تاشلىق كىتاب ئون بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «خىتاينىڭ ئەزەلدىن شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكى، تارىختىن بۇيان ئۇنۇملۈك باشقۇرۇلۇپ كەلگەنلىكى»دەك سەپسەتىلەر قايتا تەكتلەنگەندىن سىرت، خىتاينىڭ 70 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىشغالىيىتىدىن تارتىپ، خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قانداق باشقۇرغانلىقى، كونترول قىلغانلىقى تۈرلۈك ئويدۇرما، يالغان-ياۋداقلار بىلەن بايان قىلىنغان.

كىتابتا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغان بولۇپ، «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئويدۇرمىلىرى» دېگەن بىلجىرلاشلىرى تەكرارلانغان. شۇنىڭدەك مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، تەبىئىي بايلىقلارنى بۇلاڭ-

تالاڭ قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن سودا، ئىقتىساد جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەر، بالىلار لاگېرلىرى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى قاتارلىق جىنايەتلىرى تۈرلۈك ناملار بىلەن پەردازلىنىپ، ئالاھىدە ئۆتۈق سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ «تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلى»دە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك نومۇسسىز ئىبارىلەر قەيت قىلىنغان.

ئاق تاشلىق كىتابتا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشتا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى ئاساسىي لىنىيە قىلغانلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش» قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىبارىلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

مەزكۇر كىتابتا خىتاينىڭ ئويدۇرما تارىخنىمۇ كۆپلەپ ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، تارىختىن بۇيان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىقى قىلىپ كەلگەنلىكى، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى، خىتاي تىل-يېزىقىنىڭ ۋە قەدىمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىپ، تارقىلىپ كەلگەنلىكى، بۇ ۋەزىيەتنىڭ ھازىرغا قەدەر ھېچ ئۆزگەرمەي داۋاملاشقانلىقىدەك سەپسەتىلەر نومۇسسىزلارچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن بۇيان، ئاتالمىش «شىنجاڭغا دائىر بىر قانچە تارىخىي مەسىلە»، «شىنجاڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالىتى»، «شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭدىكى كەسپىي تېخنىكا مائارىپى تەربىيەلەش خىزمىتى»، «خىتاينىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار كۆپلىگەن ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئېلان قىلدى. خىتاي بۇلارنىڭ ھەممىسىدە يالغان-ياۋىداقلار، ئويدۇرما سانلىق مەلۇماتلار، تۈرلۈك سەپسەتىلەر ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى ۋە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلاشقا، پەردازلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

# شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستانغا يەنە بىر چېگرا ئېغىزى ئېچىلدى

20-سېنتەبىر شەرقىي تۈركىستان بىلەن قىرغىزىستان ئارىسىدىكى بەدەل تاشيول چېگرا ئېغىزى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تاماملىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستانغا ئېچىلغان چېگرا ئېغىزى ئۈچكە يەتكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تاماملىنىش مۇراسىمى بەدەل



تاشيول چېگرا ئېغىزىدا ئۆتكۈزۈلگەن. نۆۋەتتە بۇ تۈردىكى 27 يەككە ئىمارەت ھەم يانداش قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. مەزكۇر چېگرا ئېغىزىدا 2027-يىلى يىل بويى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

خەۋەردە 2023-يىلى 5-ئايدا شى جىنپىڭنىڭ قىرغىزىستان پرېزىدېنتى جاپاروف بىلەن خىتاي–ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە بەدەل چېگرا ئېغىزىنى ئېچىش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانلىقى، 2024-يىلى 3-ئايدا خىتاي رېجىمىنىڭ بەدەل چېگرا ئېغىزىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىغانلىقى، 2024-يىلى 3-سېنتەبىردە ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

بەدەل چېگرا ئېغىزى شەرقىي تۈركىستان بىلەن قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەركەشتام چېگرا ئېغىزى ۋە تورغات چېگرا ئېغىزىدىن كېيىن ئېچىۋېتىلگەن 3-قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2754 مېتىر كېلىدىكەن. 2024-يىلى 7-ئايدا ئىش باشلانغان بۇ تۈرگە جەمئىي 543 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 41 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن چېگرا ئېغىزلىرىنى، ئايرودۇرۇملارنى، قاتناش لىنىيەلىرىنى كۆپەيتىش ھەرىكەتلىرى، پىلانلىرى ئۆزى دەۋا قىلغىنىدەك شەرقىي تۈركىستاننى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولماستىن، بەلكى خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى باشقا دۆلەتلەرگە تېخىمۇ ئاسان ۋە زور تۈركۈمدە توشۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنماقتا.



# شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى

شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باش جىنايەتچىسى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ، 23-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. ھەر قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تېررور سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقان شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىمۇ كۈچلۈك دىققەت قوزغىدى.

شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىگە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇنىڭ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سەيچى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىللە بارغان بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇلارنى ئايرودۇرۇمدا داقا-دۇمباق، ناخشا-ئۇسسۇللار بىلەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

شى جىنپىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي

قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرى، ھەربىي خادىملىرى، دىۋىزىيە ئەمەلدارلىرى، ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ جەرياندا خىتاينىڭ دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىنى پەردازلاشتا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز بىلەن ئالاھىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە شى جىنپىڭنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، خىتاي رەئىسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىششىنىڭ خىتاي ۋە كومپارتىيە تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىكەنلىكى، بۇنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ خىزمىتى»گە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

شى جىنپىڭ ھوقۇققا ئېگىلىگەندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانغا بىر نەچچە قېتىم زىيارەتكە بارغان بولۇپ، ھەر قېتىملىق زىيارىتىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ ماڭماقتا. جۈملىدىن شى جىنپىڭ 2014-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، بىر قىسىم بۇيرۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق، جۈملىدىن كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرىغا قاماش جىنايىتى تېز سۈرئەتتە، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2022-يىلى 7-ئايدا شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىنى تۇيۇقسىز زىيارەت قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ كۈتكىنىدەك ئىجرا قىلىنغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. بىر يىل ئۆتۈپ، 2023-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىگە يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز بېرىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنىدى.

گەرچە خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىم ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغانلىقىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئالاقىدار تۈرلۈك يوليورۇقلارنى بېرىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.




# 17-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

17-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى 27-، 28-سېنتەبىر كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ كوجائەلى ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇچرىشىش دۇنيا قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغان ئابدۇلكەرىم ئىلەرىنىڭ تىلاۋىتىدىن كېيىن ئىستىقلال مارشلىرى ئوقۇش بىلەن داۋاملاشتى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى مۇساجان ئەر ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى خاتىرە فىلمى قويۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن، مىللىي گۆرۈش ئىسلامىي جامائىتى رەئىس ۋەكىلى ئەھمەد فارۇق ئەرگۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرغۇچى رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئەلى سالىھ، خەلقئارا قانۇنشۇناسلار بىرلىكى رەئىسى نەجاتى جەيلان، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى رەئىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇلئەزىز، شەرقىي تۈركىستان ئاۋستىراليە جەمئىيىتى باش كاتىبى ئابدۇلجەلىل مۇھەممەد، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇلھەمىد قاراخان، قازاقىستان





ۋەكىلى ئەلشىر خەلىللوف، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد، شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى رەئىسى ئەمر ھەسەن، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئابدۇكېرەم بۇغرا، دارۇلئىلىم ئاكادېمىيەسى رەئىسى مەھمۇد ئەمىن، يازغۇچى، ژۇرنالىست خالىس ئۆزدەمىر، ئىلى مەشرەپ ۋەقفى ۋەكىلى جۈرئەت قۇدرەت، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى مۇدىرى ئابدۇجېلىل تۇران، فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رەئىسى مۇھەممەد ئەلى ئاتاۋۇللاھ، شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ جەمئىيىتى ۋەكىلى ئۆمەر مەخسۇم، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر، دانىيە ۋەكىلى ئابدۇخېلىل ئاۋۇدۇن، سەئۇدىيە ۋەقفى رەئىسى ئوبۇلقاسىم زەرەپشان، يېڭى نەسىل ھەرىكىتىگە ۋاكالىتەن مۇھەممەد ئەلى ئاتايۇرت قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سالاملىشىش سۆزى قىلدى.

قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى بىرىنچى مەجلىسىدە «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى: بارلىق تەشكىلاتلارغا ئورتاق دەۋا پرىنسىپلىرى» باش تېمىسىدا ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ۋاز كېچىلمەس پرىنسىپلار» تېمىسىدا، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا ھەمكارلىق ئىستراتېگىيەسى: يول خەرىتىسى» تېمىسىدا، ئەنقەرە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوتسېنت، دوكتور ئەركىن ئەكرەم «ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى خىرىسلارغا تەشكىلاتلار قانداق يۈزلىنىدۇ؟ تەجرىبە-ساۋاق ۋە تەۋسىيەلەر» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىككىنچى مەجلىسىدە «مىللىي مەجبۇرىيەت: شەرقىي تۈركىستان



تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسلاھاتى» باش تېمىسى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مەجلىستە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى رىياسەتچىلىكىدە، ئاۋستىرالىيەدىن ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم «كۈنىمىزگىچە قەدەر شەرقىي تۈركىستان ئىسلامىي ھەرىكەتلىرىگە نەزەر: تەجرىبە ۋە ساۋاقلار» تېمىسىدا، دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەت «دەۋا تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يوللىرى» تېمىسىدا، تۈركىيە رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى (ت ر ت) ئۇيغۇرچە بۆلۈمى خادىمى، ژۇرنالىست مىركامىل كاشغەرىي «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقىنىڭ يېڭى يول خەرىتىسى» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى مەجلىس ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ قىرائەتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ھەققىدە ئومۇمىي توختالدى. كېيىن سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي سۆز قىلدى. ئارقىدىن «ئىسلامىي تەلىماتلار ئاساسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا نەزەر» باش تېمىسىدىكى لېكسىيە باشلىنىپ، شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى ئۆمەر مەخسۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، سەئۇدىيە ۋەقفى رەئىسى ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئوبۇلقاسىم زەرەپشان «ئىسلام تارازىسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» تېمىسىدا، پىروفېسسور، دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار «دىنىي، مىللىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىن قېرىنداشلىق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى» تېمىسىدا، ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ ئەر «ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردىن دەۋا ئادەملىرىنىڭ ئەخلاقى» تېمىسىدا ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

ئارقىدىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كەلگەن مېھمانلاردىن دوكتور ئابدۇللاھ ئالىم سۆزگە چىقىپ، «ئورتاق دەۋا چۈشەنچىسى ئاساسىدا ھەمكارلىق يوللىرى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىنىڭ ئىككىنچى

كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىككىنچى مەجلىس «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ھەر قاتلامنىڭ مەسئۇلىيىتى» باش تېمىسىدا داۋام قىلدى. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى زىكرۇللاھ ئالىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پېشقەدەم پائالىيەتچى ۋە سابىق دىپلومات شەمسىقەمەر ئارتىش خانىم «خىتايغا قارشى كۈرەشتە ئۈنۈملۈك مېتودلار» تېمىسىدا، تەشكىلاتلار بىرلىكى ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇسالام تەكلىماكان «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ياشلار» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلى ئاتايۇرت «ياشلار قانداق قىلغاندا دەۋادا ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايدۇ» تېمىسىدا ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

ئارقىدىن ئەركىن سوئال-جاۋاب، مۇزاكىرە باسقۇچى باشلىنىپ، پروفېسسور، دوكتور نۇرئەخمەت قۇربانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، خاتالىقلار ۋە توسالغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بۇنىڭغا قارىتا قوللىنىشقا تېگىشلىك چارىلەر ۋە ھەرخىل تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىنىڭ خاتىمىسىدە ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى شۇرا ھەيئىتى رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى كۈنلۈك يىغىننىڭ خۇلاسە سۆزىنى قىلدى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ تۇنجى خىزمەت باشلىغان كۈنلىرىدىن بۈگۈنگىچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەرنى، قانداق ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى ۋە بۇندىن كېيىنكى باسقۇچتا بېسىشقا تېگىشلىك قەدەملەر ھەققىدە توختالدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇساجان ئەر يىغىنغا قاتناشقان ھەر قايسى تەشكىلات مەسئۇللىرى، ئالىملار، يۇرت چوڭلىرى، ياشلار ۋەكىللىرى قاتارلىق ئەللىككە يېقىن كىشى بىلەن سەھنىگە چىقىپ، «17-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى»نىڭ خۇلاسە باياناتىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

باياناتتىن كېيىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ باشچىلىقىدىكى دۇئا بىلەن بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.




خىتاي سۈنئىي ئەقىلنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق
جىنايىتىدە قوللانماقتا.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

## شەرقىي تۈركىستاندا

## نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

### بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No:6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+902125403115 +905538951933 +905417977700